
«قىزىل يىڭناغۇچ» رەسىملىك چۆچەكلەر مەجمۇئەسى



# قۇشلارنىڭ چۈشلۈك ئۇيقۇسى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

قۇشلارنىڭ چۈشلۈك ئۇيقۇسى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات



ISBN 978-7-5469-3921-6

定价：29.80元

上架建议：少儿专柜

www.uyghurkitap.com

«قىزىل يىڭناغۇچ» رەسىملىك چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# قۇشلارنىڭ چۈشلۈك ئۇيقۇسى

تەرجىمە قىلغۇچى: سائادەت ئىمىن



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

بۇ كىتاب بېيجىڭ ئېلېكترون سانائەت نەشرىياتى 2010 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京电子工业出版社2010年1月第1版，第1次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: يۇ ۋېنشېڭ
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇرات ئالىم
مامۇت ئىسمايىل
مەسئۇل كوررېكتورى: مېھرىبان نۇرئەخمەت
گۈزەل - سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيىۋ

«قىزىل يىڭناغۇچ» رەسىملىك چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# قۇشلارنىڭ چۇشلۇك ئۇيقۇسى

تەرجىمە قىلغۇچى: سائادەت ئىمىن

---

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن - تېخنىكا باغچە يولى 5 - قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**تور دۇكىنى:** داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى بياۋگەنجى مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئە چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 787 × 1092 مىللىمېتىر، 1/16
**باسما تاۋىقى:** 8
**نەشرى:** 2014 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى
**بېسىلىشى:** 2014 - يىلى 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 3921 - 6
**باھاسى:** 29.80 يۈەن

---

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاجايىپ ياخشى رەسىملىك پەننىي كىتاب

## —— كىچىك ئوقۇرمەنلەرگە

سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار، ھەر قېتىم تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن تەسىرلىك ھەم جانلىق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگىنىڭىزدە، لىرىك مۇزىكىلاردىن بەھرىلەنگىنىڭىزدە، يەسلى ياكى باغچىلارغا بېرىپ قىزىقارلىق ئويۇنچۇقلارنى، ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى زوق بىلەن ئوينىغىنىڭىزدا ياكى ئاتا - ئانىڭىز بىلەن تاغ - دەريا، باغۇ - بوستانلارنى سەيلە قىلغىنىڭىزدا... سىزدە ھەر خىل تەسىرات ۋە سوئاللار تۇغۇلۇپ، ئىلىم - پەن دېڭىزىغا غەرق بولامسىز؟ ئىلىم - پەن سىرلىقتۇر، ئىلىم - پەن گۈزەلدۇر، ھەمدە ھەممىگە چېتىشلىقتۇر.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب بەئەينى ئىلىم - پەن دېڭىزىدا كېزىۋاتقان ئالتۇن كېمىگە ئوخشاش، گۈزەل تىللارنى، جانلىق ھەم قىزىقارلىق رەسىملەرنى ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، چۆچەكلەردەك ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق سىزگە ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

سىزنىڭ ئىلىم - پەن دۇنياسىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، ئىچىدىكى سىرلىق دۇنيانى چۈشىنىشىڭىزگە، ئىلىم - پەننىڭ مۇھىملىقىنى بىلىشىڭىزگە، ھەمدە ئاشۇ ئىلىم - پەنگە تولغان دۇنيادا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.



# مۇندەرىجە


قۇشلارنىڭ چۈشلۈك ئۇيقۇسى .................. 1

يەرشارىدىن يوقىلىپ كېتىش ......................25

ئاغرىپ قالغان بېلىق ............................49

تەنھا دەرەخ بوۋا ..............................73

ئانىسىز قالغان زېبرا ..........................97














www.uyghurkitap.com

# قۇشلارنىڭ چۈشلۈك ئۇيقۇسى





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

1. بۇك - باراقسان ئۆسكەن دولانا دەرىخىدە ئانا سېغىزخان ئۈچ بالىسى بىلەن بىللە ياشايتتى.

سېغىزخان بالىلىرى ئانىسىنىڭ چۆرىسىدە ۋىچىرلاپ تىنمايتتى. سىرتتىكى دۇنيانىڭ قانداقلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ زارىقىش ئىلكىدە سىرتقا قارايتتى. ئانا سېغىزخان كۈنبويى ئالدىراپ - تېنەپ بالىلىرىغا ئوزۇق ئىزلەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ بالدۇرراق قاتارغا قوشۇلۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى.





2. چۈش ۋاقتى بىر كۈن ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ۋاقىت. ئانا سې-
غىزخان بالىلىرىنىڭ قورسىقىنى توقلاپ بولدى، بالىلىرى بىر - بىرد-
گە يېقىن چاپلىشىپ جىمجىت يېتىپ چۈشلۈك ئۇيقۇغا چۈشتى.
قۇياش نۇرىنىڭ ئىللىتىشى، مەيىن شامالنىڭ لەرزان يەلپۈشى ۋە ئاند-
نىڭ يېقىملىق ئەللەي ناخشىسى ئۇلارنى بىردەمدىلا شېرىن ئۇيقۇغا
غەرق قىلدى...






www.uyghurkitap.com

3. بىركۈنى چۈشتە، يەردىن «گۈلدۈر - گۈلدۈر» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

سېغىزخانلار ئالاقزادىلىك بىلەن باشلىرىنى كۆتۈرۈپ پەسكە قارىۋېدى، غايەت يوغان بىرقانچە توپا كولاش ماشىنىسى بىلەن توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ يول بويىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى.

— ۋاي ئاللا، بۇ شاۋقۇن - سۈرەنلىك ئاۋازلار قۇلقىمىزنى گاس قىلىپ قويامدۇ نېمە؟ — دېدى ئانا سېغىزخان قۇلىقىنى چىڭ ئېتىپ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

4. — ئانا، شاۋقۇن - سۈرەن دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىدى بىر بالىسى قىزىقىپ.

— ئۇ دېگەن قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك قاتتىق چىقىپ ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ئاۋاز، — دېدى ئانا سېغىزخان مۇلايىملىق بىلەن، — دوكتور مۇشۇكياپىلاقتىن ئاڭلىشىمچە، بۇنداق شاۋقۇن - سۈرەنلەردىن قاتناش، سانائەت ۋە تۇرمۇش شاۋقۇن - سۈرەنلىرى بار ئىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

5. — ئانا، توپا كولاش ماشىنىسى بىلەن توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى بەك يۇقىرى ئىكەن، — دېدى يەنە بىر سېغىزخان بالىسى.

— شۇنداقكەن، — دېدى ئانا سېغىزخان، — بۇ يەرگە بىر ئېگىز بىنا سالىدىكەن دەپ ئاڭلىدىم. ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ھەركۈنى مۇشۇنداق شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدە ياشايمىز، — دېدى.



6. ئانا سېغىزخان ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ:
ــ بۇ قوزام ناھايىتى توغرا ئېيتتى، ماشىنا، ئايروپىلان، پويىز دې-
گەنلەردىن چىقىدىغىنى قاتناش شاۋقۇنى بولۇپ، ئۇنى ئاشۇ قاتناش
قوراللىرى چىقىرىدۇ.




www.uyghurkitap.com


7. ــ ھە بىلدىم. مانا مۇشۇ توپا كولاش ماشىنىسى ۋە توپا ئىتتىـ
رىش ماشىنىسىدىن چىققان ئاۋاز سانائەت شاۋقۇنى ـ سۈرەنى ئىنكەندە، ـ
دېدى يەنە بىرسى ئالدىراپ ئانىسىنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ.













8. تۇرمۇشىمىزدىمۇ شاۋقۇن ـ سۈرەن پەيدا بولىدۇ، ــ دېدى ئانا سىڭىزخان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ مەسىلەن، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزورلارنى يۇقىرى ئاۋازدا قويۇۋېلىش، ئاممىۋى سورۇنلاردا ۋارقىراپ گەپ قىلىش ياكى جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىش قاتارلىقلاردىنمۇ تۇرمۇش شاۋقۇنى پەيدا بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

9. ــ ئانا، بۇنداق ئاۋازلارنى ئۇزاق ۋاقىت ئاڭلاۋەرسە قانداق بولـ
دۇ؟ ــ دېيىشتى باللار ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ، جىددىيـ
لەشكىنىدىن تىترەپ تۇرۇپ.
ــ ئەڭ ئاۋۋال، بۇرۇنقىدەك تىنچ، خاتىرجەم ئۇخلىيالمايمىز، ــ
دېدى ئانا سىغىزخان ئۇلارنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ــ ئۇزاق ۋاقىت مۇشۇنـ
داق بولۇۋەرسە تېرىككەك بولۇپ قالىمىز، بېشىمىز ئاغرىپ، كۆڭلـ
مىز ئېلىشىپ، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىمىز ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ.






ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

10. ــ ۋاي ئاللا، نېمانچە قورقۇنچلۇق! بۇ يەردىن دەرھال كۆچۈپ كېتەيلى! ــ ئېغىز ـ ئېغىزىغا تەگمەي ۋىچىرلاشتى ئۇلار.

ــ بولىدۇ، سىلەرگە ئۇچۇش ماھارىتىنى ئۆگىتەي، بۇ يەردىن بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇر كۆچۈپ كېتىشكە تىرىشايلى! ــ ئانا سېغىزخان گېپىنى تۈگىتىپ بولۇپلا باللىرىغا ئۇچۇش مەشقى ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى.



11. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، سېغىزخان باللىرى ئۇچۇشنى ئۆگىنىدۋالدى، ئۇلار ئانىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئورمانلاردىن، يايلاقلاردىن، كۆللەر ھەم تاغلار ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشتى...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





12. ئورماندىكى قۇياش شۇ قەدەر ئىللىق، ئاسمان شۇ قەدەر كۆپكۆك بولۇپ، بىرقانچە بالا ياپيېشىل ئوت ـ چۆپ ئۈستىدە لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتاتتى. بۇ لەگلەكلەر شۇنچىلىك چىرايلىق بولۇپ، گۈللۈك كېپىنەك، قىزىل يىڭناغۇچ... يەنە نۇرغۇن خىللىرى بار ئىدى.

دەرەخ تۆپىسىدىكى كىچىك سېغىزخانلار ئانىسىنىڭ ئەللەي ناخشىسىنى ئاڭلاپ يېتىپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى...

www.uyghurkitap.com






## پائالىيەت جەريانى

1. بالىنىڭ ئاتا- ئانىسى ھەر خىل ئەسۋاب- ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ شاۋقۇن پەيدا قىلسا، بالىسى قۇلاق سىلىپ ئاڭلىسۇن.

2. بالا بۇنداق شاۋقۇننى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى تەسىراتىنى ئېيتىپ باقسۇن.





3. بالىغا ئېسىل مۇزىكا قويۇپ ئاڭلاتسۇن.

4. ئۇ قايسى خىل مۇزىكىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسۇن.



4. قانداق ئۇسۇل ئارقىلىق بۇلاردىن چىققان شاۋقۇننى ئازايتقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرسۇن.

www.uyghurkitap.com
كىتاب تور بېكىتى

## پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش

بالىلارغا تۇرمۇشتىكى شاۋقۇن ـ سۈرەنلەرنى تاپقۇزۇش، بۇلارنى قانداق قىلغاندا ئازايتقىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلاندۇرۇش، بالىلارنى ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى بويىچە ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ ئەمەلىي ھەرىكەت قىلدۇرۇش.







## پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى

پائالىيەت ئارقىلىق بالىلارغا شاۋقۇن ـ سۈرەننىڭمۇ بىر خىل بۇلغىنىش ئىكەنلىكىنى، مۇھىت ئاسراشنى شاۋقۇننى ئازايتىشتىن باشلاپ ئىشلەش لازىملىقىنى بىلدۈرۈش. بۇ پائالىيەت بالىلارنىڭ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئەمەلىي ئىشلەش جەريانىدا بالىلار بىلىم ئىگىلەپ، ئۆزىگە خۇشاللىق تاپالايدۇ. ھەرقانداق بىر كىچىك دوست مۇھىت ئاسراشتەك ئىشنى قىلالايدىغان بولىدۇ.




## شاۋقۇن ـ سۇرەن دېگەن نېمە؟ ئۇ نەدىن كېلىدۇ؟

كىچىك دوست، شاۋقۇن ـ سۇرەننىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟ شاۋقۇن ـ سۇرەن دېگىنىمىز، كىشىلەرگە كېرەكسىز، ئۇلارنى بىزار قىلىدىغان ئاۋازلار ياكى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمىتىگە دەخلى يەتكۈزۈش، كاشىلا قىلىش رولىنى ئوينايدىغان ئاۋازلاردۇر.


شاۋقۇن ـ سۇرەن كېلىش مەنبەسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، قاتناش، سانائەت ۋە تۇرمۇش شاۋقۇن ـ سۇرەنى دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. يۇقىرىدىكى ھېكايىمىزدە قاتناش شاۋقۇنىنى، ئاساسلىقى قاتناش قوراللىرى، مەسىلەن، ماشىنا، ئايروپىلان، پويىز قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق، سانائەت شاۋقۇنى ئاساسلىقى ھەرخىل سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى جەريانىدا بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، زاۋۇتلاردا ماشىنىلارنىڭ سىلكىنىشى، سۈركىلىشى ۋە ئۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ. تۇرمۇش شاۋقۇنىنى بولسا، ئاساسلىقى، كوچىلار ۋە بىنالارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرخىل تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى، كىشىلەرنىڭ توپلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى قاتارلىقلار بارلىققا كەلتۈرگەن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، قالايمىقان ئاۋازلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزورلارنى يۇقىرى ئاۋازدا قويۇش، ئاممىۋى سورۇنلاردا ۋارقىراپ گەپ قىلىش ياكى جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىش قاتارلىقلارمۇ تۇرمۇش شاۋقۇنىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

شاۋقۇن ـ سۇرەن ئۇيقۇغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، بۇنداق مۇھىتتا ئۇزاق ۋاقىت ياشىغاندا، ئاڭلاش ئىقتىدارى تۆۋەنلەش، باش قېيىش، باش ئاغرىش، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ئاجىزلىشىش قاتارلىق كۆپ خىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يەرشارىدىن يوقىلىپ كېتىش





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



قۇياش پارلاق نۇر چېچىپ تۇرغان بىركۈنى چۈشتىن كېيىن يېڭىلا
ساياھەتتىن قايتىپ كەلگەن پاقا، قۇلۇلە ۋە قوڭغۇر ـ ئالا تىيىنلار بىر
يەرگە يىغىلىپ، يولبويى كۆرگەن ـ ئاڭلىغان قىزىقارلىق ئىشلارنى ھايا-
جان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

— مەن چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان ئاجايىپ چوڭ قومۇشزارلىققا باردىم، ئۇ يەردە قومۇش گۈللىرى تەكشى ئېچىلغان بولۇپ، ئاپپاق توزغاقلار بىپايان ئاسماندا شامالغا ئەگىشىپ ئۇچۇپ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك مەنزىرە ھاسىل قىلغان ئىدى، — دەپ گەپ باشلىدى پاقا گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — مەن يەنە جەنۇبقا ئۇچۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ياۋاغازلارنى كۆردۈم، قارىغاندا كۈز كېتىپ، قىش كېلىدىغان ئوخشايدۇ.





پاقىنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگمەيلا، ئالدىراپ كەتكەن قۇلۇلە گەپ باشلىدى:

ــ مەن بارغان جاينىڭ گۈزەللىكىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ دېگەن بىر ئاپتاپپەرەسلىك بولۇپ، قۇياش نۇر چاچقان زېمىندىكى ئالتۇن تاۋاقتەك ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ ھۆسنى كۆزىڭىزنى قاماشتۇرىدۇ، ئۇنىڭ بولۇق دانلىرى ئۈستىدە قوڭغۇز، ھەسەل ھەرىسى، ھەر خىل كېپىنەكلەر ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ، ئۇلار تېخى مەن بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى!






ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئېيتقان قىزىقارلىق خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان قوڭغۇر - ئالا ت...
يىنىنىڭ كۆزلىرىدە غەمكىنلىك ئىپادىلەندى، پاقا قىزىقىپ سورىدى:

— سىزنىڭ ساياھەت جەريانىدا ئۇچراتقان ئېيتىپ بەرگۇدەك يېڭى خەۋەرلىرىڭىز يوقمۇ؟ بار بولسا ئېيتىپ بېرىڭە! — دېدى.





قوڭۇر ـ ئالا تىيىن ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىۋېتىپ سۆز باشلىدى:

— مەن بۈك ـ باراقسان ئورمانلىققا باردىم. يولدا تىيىن مومامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقتىم. تىيىن مومام مېنى كۆنجۈتلۈك نان يېيىشكە تەكلىپ قىلدى ھەم «يەرشارىدىن يوقىلىپ كېتىش» دېگەن ھېكايىنى ئېيتىپ بەردى.

— ئىسىمدىن قارىغاندىلا ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھېكايىدەك قىلىدۇ، تېزراق ئېيتىپ بېرىڭا! — دېدى تاقەتسىزلىك بىلەن پاقا.



www.uyghurkitap.com



ـ ماقۇل، ـ دېدى قوڭۇر ـ ئالا تىيىن ۋە ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن گېپىنى باشلىدى:

ـ بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئافرىقىدىكى بىر ئارالدا قۇزغۇن دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇش بار ئىكەن. ئۇلار ناھايىتى بەستلىك، يوغان بولغاچقا ئۇچالمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق كۈشەندىسى بولمىغاچقا، ئورمانلىقتا ئىنتايىن خاتىرجەم، ئاسايىشلىق ئىچىدە ياشايدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





قوڭغۇر ـ ئالا تېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرغاچ، پاقا بىلەن قۇلۇلىنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ كەلدى:


— كېيىنچە، ئىنسانلار كېلىپ، بىرنىمۇ ئالا قويماي تۇتۇپ ئۆلتۈرگىلى باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇزغۇنلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن....

— نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك ـ ھە! — غەزىپىنى باسالمىغان قۇلۇلە
ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، ئاندىن قىزىقسىنىپ سورىدى، — ئۇنىڭ-
دىن كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بېرىپتۇ؟
— ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار بىرئاز غەلىتە. قۇزغۇن-
نىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن بىرخىل ئەتىۋارلىق دەرەخ —
چوڭ غوللۇق زەيتۇن دەرىخى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ.
بۇنى كۆرگەن ئادەملەر بۇمۇ پات ئارىدا يەر شارىدىن يوقىلىپ كېتەر-
مۇ، دەپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ.










ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تورىنى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى




— نېمىشقا شۇنداق بولغاندۇ؟ - ئاڭلىغانسېرى قىزىقىپ قېلىۋاتقان پاقا چىداپ تۇرالماي سورىدى.

قوڭغۇر - ئالا تېيىن بىردەم تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:


— بىر ئالىم قۇزغۇن چوڭ غوللۇق زەيتۇن دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىن، مېۋىنىڭ سىرتىدىكى قاتتىق شاكىلىنى ھەزىم قىلىۋېتىپ، ئۇرۇقىنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىۋېتىدىغانلىقى، ئاندىن بۇ ئۇرۇقنىڭ بىخ سۇرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن چوڭ غوللۇق زەيتۇن دەرىخىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد كۆپىيىپ بارىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ....



— بىلدۇق، بىلدۇق! — دەپ ئۇنىڭ
گېپىنى تارتىۋالدى پاقا بىلەن قۇلۇلە، —
قۇزغۇننىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەندىن
كېيىن، چوڭ غوللۇق زەيتۇن دەرىخىنى
تىكىپ ئۆستۈرىدىغانغا ھېچكىم ياردەم
قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەتىۋارلىق
دەرەخ بارغانسېرى ئازىيىپ، ئاخىرى يەر
شارىدىن يوقىلىپ كېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ــ ھەي! ئەسلىدە كىشىلەر ئېغىزدىن دائىم «جانلىقلار زەنجىرى» دېگەن ئاتالغۇنى ئاڭلاپ بەك يېڭىلىق ھېس قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. ئەمـ-دىلىكتە ئوبدان بىلىۋالدىم، ــ دېدى پاقا مەمنۇنىيەت بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— توغرا دېدىڭلار، يەر شارىدا هايات كەچۈرىدىغان هايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە مىكرو ئورگانىزملار بىر-بىرىگە تايىنىپ ياشايدۇ. ئۇ بۇنىڭغا، بۇ ئۇنىڭغا تايىنىپ، هېچقايسىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ گويا بىر زەنجىر بولۇپ، بۇ زەنجىر هەرقانداق بىر يېرىدىن ئۈزۈلۈپ كەتسە هەرگىز بولمايدۇ، — دېدى قوڭۇر-ئالاتىيىن بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللاپ.





# قۇشلار بىزنىڭ دوستىمىز

## پائالىيەتنىڭ مەقسىتى

1. بالىلارغا دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان بىرقانچە خىل قۇشنى تونۇتۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەت ـ ئادەتلىرىنى ئىگىلىتىش.
2. بالىلارنىڭ ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.
3. بالىلاردا قۇشلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاسرايدىغان قىزغىنلىقنى قوزغىتىش.

## پائالىيەت تەييارلىقى

ھەر خىل قۇشنىڭ رەسىمى (قۇشنىڭ سايراشلىرى)



1. بالىلارغا مۇزىكا قويۇپ ئاڭلىتىپ، نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئېيتقۇزۇش.



## پائالىيەت جەريانى

2. بالىلارغا دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان بىرقانچە خىل قۇشنى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەت، ئادەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش.

بۈركۈت: مېنىڭ ئىسمىم بۈركۈت، مېنىڭ ئاجايىپ ئۆتكۈر بىر جۈپ كۆزۈم بار، يەنە ئۇچلۇق تىرنىقىم ۋە ئەگمەچ تۇمشۇقۇم بار، تۇلۇمچاشقان ۋە ياۋا توشقان يېيىشنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن.

مۇشۇكياپىلاق: مېنىڭ ھەم چوڭ، ھەم پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىم بار، ئۇ كېچىلىرى چاشقانلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇچۇپ بېرىپ ئۇلارنى تۇتۇۋالىمەن، شۇڭا «چاشقان تۇتۇشقا ماھىر» مەن.

قارلىغاچ: مەن باھارنىڭ ئەلچىسى، ھەر يىلى باھاردا قاپقارا مۇراسىم كىيىمىمنى كىيىپ باھار قىزىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن شىمالغا ئۇچۇپ كېلىمەندە، كىشىلەرگە باھار كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىمەن.

3. قۇشلارنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق باشقا قۇشلار بىلەن تونۇشۇش



4. قۇشلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان بەزى ھادىسىلەرنى بىلدۈرۈپ قويۇش

(1) قۇش باللىرى دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراش، (2) بۇلغانغان سۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراش. (3) ئورمانلىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن بارىدىغان جاي تاپالماسلىق. (4) ئىنسانلارنىڭ تۇتۇۋېلىشى، ئۆلتۈرۈشى.

## پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش

باللارنى ھايۋاناتنى ئاسراشقا يېتەكلەش، دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان بىرقانچە ھايۋاننىڭ خۇسۇسىيەت، ئادەتلىرىنى بىلىدىغان قىلىش.

## پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى

پائالىيەت ئارقىلىق باللارغا جانلىقلار زەنجىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ھامان ناھايىتى ئېغىر زەنجىرسىمان ئىنكاسلار يۈز بېرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلىدۇ. ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئاسراشنى كىچىك ئىشلاردىن، ئۆزىمىزدىن باشلاش لازىملىقى، كەڭ تەبىئەتنى ھەممىمىز بىرلىكتە ئاسرىشىمىز لازىملىقى تونۇتىلىدۇ.




# جانلىقلار زەنجىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا قانداق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ؟

كىچىك دوست، تەبىئەت دۇنياسىدا ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە مىكرو ئورگانىزملار ئوتتۇرىسىدا بىر خىل «ئۇ بۇنىڭدىن، بۇ ئۇنىڭدىن» ئايرىلالمايدىغان بىر - بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر مۇناسىۋەت بارلىقىنى بىلەمسىز؟


ئازراق كۆڭۈل قويۇپ قارىسىڭىزلا، كەڭ تەبىئەتتىن بۇخىل مۇناسىۋەتنى ناھايىتى ئاسانلا تاپالايسىز. ئالايلى، دەل - دەرەخ بارلىكى جايدا قۇشلار بولىدۇ، دەرەخلەر كېسىۋېتىلسە، قۇشلارمۇ يوقاپ كېتىدۇ؛ گۈل - گىياھ بار يەرگە كېپىنەك، قۇرت - قوڭغۇزلار قەدەم تەشرىپ قىلىدۇ. بۇنداق بىر - بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مۇناسىۋەت «جانلىقلار زەنجىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.


جانلىقلار زەنجىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇققا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، قۇشقاچلارنى كۆپلەپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىنكى نەچچە يىل ئىچىدە ھاشارات، قۇرت - قوڭغۇز ئاپىتى يۈز بەردى. چۈنكى قۇشقاچ زىيانلىق قۇرت - قوڭغۇزلارنى يېيىش ماھىرى بولۇپ، ئۇ يوقىتىلغاندىن كېيىن، قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ كۈشەندىسى ئازىيىپ كېتىپ، ئۇلار كۆپلەپ كۆپىيىپ كېتىش بىلەن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ھوسۇلى كاملاپ كېتىشنى پەيدا قىلدى.

ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق تەبىئەت دۇنياسىدا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە بارلىققا كېلىدۇ. ناۋادا ئۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، قايتىدىن بەرپا قىلىش ئىنتايىن قىيىنغا چۈشىدۇ - دە، كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى ئىنسانلار ئالدىن ئويلاپ يېتەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئاسرىشىمىز، ھەرگىز ئاسانلىقچە بۇزۇۋەتمەسلىكىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئاغرىپ قالغان بېلىق





ئەتراپىغا شاپتۇل دەرىخى تىكىلگەن گۈزەل بىر يېشىل كۆل بار ئىكەن.

شامال شۇنداق يەلپۈپ ئۆتسىلا، شاپتۇل چېچىكى كۆل يۈزىنى قاپلاپ، كۆلدە بەئەينى گۈل بەرگىدەك بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرگەندەك كۆرۈنىدىكەن.



www.uyghurkitap.com




يېشىل كۆلدە شۇنداق ئوماق، شۇنداق شوخ بىر بېلىق بار ئىكەن. بۇ بېلىق كەچتە چىقىدىغان ئايغا بەك ـ بەك ئامراق ئىكەن. ھەركۈنى ئاخشىمى بېلىق بىلەن ئاي ئۇچرىشىپ ھال ـ ئەھۋال سورىشىدىكەن.






www.uyghurkitap.com



تىپتىنچ جىمىرلاپ تۇرغان سۇپسۇزۇك كۆلدىكى بېلىق ئاي بىلەن گەپلەشسە گېپى تۈگىمەيدىكەن:

— قەدىرلىكىم ئاي، بۈگۈن بىزنىڭ بۇ يەرگە بىر يېڭى ئاتاغلىق ساياھەتچى دوست كەلدى.

— بۇ يىل باھار ھەر يىلقىدىن بالدۇر كەلدى. مەن ئۇچۇپ چۈشكەن شاپتۇل بەرگىلىرىگە شېئىرلار يازدىم!

— بەزىدە سىزگە ھەۋەس قىلىپ قالىمەن. چۈنكى سىز ئېگىز ئاسماندا تۇرۇپ نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلارنى كۆرەلەيسىز ئەمەسمۇ...




www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئايمۇ ھەركۈنى كەچتە بېلىق بىلەن ھەمراھ بولالىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىدىكەن. ئۇ بېلىقتىن ئاڭلىغان گەپلىرىنى كائىناتتىكى يۇلتۇزلارغا، بۇلۇتلارغا ئېيتىپ بېرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ھېچكىمنىڭ ئىچى پۇشۇپ قالمايدىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

بىراق، يېقىندىن بۇيان ئاي ئۇدا بىرنەچچە
كۈنگىچە بېلىقنىڭ قارىسىنى كۆرەلمەپتۇ.
ئەجەبا، بىرەر ئىش بولۇپ قالمىغاندۇ ـ ھە؟
ئاي ھەر كۈنى كۆلگە قاراۋېرىپ كۆڭلىگە
ئەنسىزچىلىك چۈشۈپ قاپتۇ.






ئاي بىركۈنى تۇيۇقسىز زۇمرەت كۆلدە ئۆزىگە تونۇش بېلىقنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىدىن:


— بېلىقجان، قەدىرلىكىم بېلىقجان! سىزنى كۆرگۈم كېلىپ ئۆلەي دەپ قالدىمغۇ! يېشىل كۆلدىن ئايرىلىپ نېمىشقا زۇمرەت كۆلگە كې-لىۋالدىڭىز؟ — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى






بېلىق قۇيرۇقىنى ئوينىتىپ قويۇپ، چىرايىدىن ئامالسىزلىقىنى بىلدۈرۈپ دەپتۇ:

— ھەي، يېشىل كۆلدە تۇرۇشقا بولماي قالدى! يېشىل كۆلنىڭ چېتىگە سېلىنغان زاۋۇت ھەركۈنى كۆپ مىقداردىكى قاپقارا سۇنى كۆلگە قويۇۋەتكەچكە، سۇدىن سېسىق پۇراق چىقىپ كەتتى. يېشىل كۆلدىكى سۇ ئوتلىرىمۇ سېسىپ كەتتى، بىز يېگۈدەك يېڭى ئوزۇق تاپالماي قالدۇق. مەنمۇ كۆپچىلىككە ئوخشاش ئاغرىپ كەتتىم. ئاخىرى، ھېچ ئامال قىلالماي بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدۇق.



بۇنى ئاڭلاپ ئاي يېقىندىن بۇيان، يېشىل كۆل بويىدىكى زاۋۇت-
تىن ھەمىشە چىقىپ تۇرغان قاپقارا ئىسنىڭ شاپتۇل دەرىخىنىڭ يوپۇر-
ماقلىرىنى قۇرۇتۇپ، چىچەكلىرىنى تۆكۈپ بولايلا دەپ قالغانلىقىنى،
كۆل سۇيىنىمۇ قاپقارا قىلىۋېتىپ، يەنە تېخى سېسىق پۇراق تارقىتى-
ۋاتقانلىقىنى يادىغا ئاپتۇ.



www.uyghurkitap.com






ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— بىراق قەدىرلىكىم بېلىقجان، — دەپتۇ ئاي، — يېقىندىن بۇيان نۇرغۇنلىغان ئاق خالات كىيگەن ئالىملار يېشىل كۆل بويىغا كەلدى. ئاڭلىشىمچە، ئۇلار زاۋۇتنىڭ ئىس ۋە بۇلغىما سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەم بېرىدىكەن.


— راست شۇنداقمىدۇ؟ — سوراپتۇ بېلىق، — ئۇنداق بولسا، يېشىل كۆل يەنىلا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش سۈزۈكلىكىگە ئۆزگىرەرمۇ؟

— چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، — دەپتۇ ئاي بېشىنى لىڭشىتىپ.



www.uyghurkitap.com

بېلىق يېشىل كۆل تەرەپكە قاراپتۇ. قارىغانسېرى كۆزلىرىگە ئۇ-
مىدلىك مەنزىرىلەر كۆرۈنۈپتۇ.








# سۇ توختاپ قاپتۇ، قانداق قىلىمىز؟

بالىلاردا ھايۋانلارغا نىسبەتەن ھېسداشلىقنى يېتىلدۈرۈشتە، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ بالىلىرىنى بۇلغانغان سۇدا بېقىلىۋاتقان بېلىقلار بار جايغا باشلاپ ئاپارماي، باغچىلاردىكى پاكىز سۇدا پىلتىڭلاپ ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلار بار جايغا باشلاپ ئاپىرىپ، شۇ ئارقىلىق ئىجابىي تەربىيە بېرىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. ئەگەر تۇرمۇشىمىزدا بۇلغانغان سۇ مەنبەلىرىنى بايقىغان بولساق، مۇۋاپىق ۋاقىتتا بالىلارغا سۇنى بۇلغاشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان ـ زەخمەتلەرنى ھېس قىلدۇرىدىغان تەربىيەلەرنى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

بۇ يەردە بىز «سۇ توختاپ قاپتۇ، قانداق قىلىمىز» دېگەن پائالىيەت ئارقىلىق، بالىلارنىڭ سۇ بايلىقىغا بولغان دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاشنى مەقسەت قىلىمىز.

## پائالىيەتنىڭ مەقسىتى ..........

1. بالىلارغا سۇ بايلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ھېس قىلدۇرۇش.
2. بالىلاردا سۇ بايلىقىنى ئاسراش شۇنداقلا سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشتەك ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش.

## پائالىيەت تەييارلىقى ..........



سۇ جۈمەكنى ۋاقىتىنچە ئېتىپ قويىمىز.


## پائالىيەت جەريانى ..........





1. بالىلارنى سىرتتا كىيىم ۋە قولىنىڭ پاسكىنا بولۇپ كېتىشى بىلەن كارىمىز بولماي ئوينىتىمىز.





2. قايتىپ كىرىپ قولىنى يۇيماقچى بولغاندا تۇرۇبىدا سۇ يوقلۇقىنى بىلدۇرىمىز.



3. بالىلارغا سۇ يوق بولسا قانداق قولايسىزلىقلار بولىدىغانلىقىنى، يەنى پاسكىنا قولىنى يۇياي دېسە، ئۇسساپ سۇ ئىچەي دېسە، تاماق ئېتەي دېسە ۋە كىيىملىرىنى يۇياي دېسە سۇ يوقلۇقىنى شەخسەن هېس قىلدۇرىمىز.

4. سۇ جۈمىكىنى تۇيدۇرماي ئېچىپ قويىمىز، سۇ بولغاندا سۇ قاينىتىش، تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش ۋە قوللىرىنى پاكىز يۇيۇشنىڭ قانچىلىك قولايلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۇرىمىز.

## پائالىيەتنىڭ ئەهمىيىتى ..............................

پائالىيەت ئارقىلىق، بالىلار سۇنىڭ بىز ئۈچۈن قانچىلىك مۇهىملىقىنى بىلىۋالالايدۇ، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش، سۇ بايلىقىنى ئاسراشتەك ياخشى ئادەتنى يېتىلدۇرەلەيدۇ.

## سۇ قانداق بۇلغىنىدۇ؟ بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

كىچىك دوست، سۇنىڭ قانداق بۇلغىنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

بەزىبىر تاساددىپىي ھادىسىلەر، مەسىلەن، ماي توشۇيدىغان پاراخوتلاردىن ماي ئېقىپ قېلىش، ماي يەتكۈزۈش تۇرۇبىلىرىدا يېرىلىش يۈز بېرىش قاتارلىقلار سۇدا بۇلغىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ناچار ئىش - ھەرىكەتلىرى، مەسىلەن، دەريالارغا كېرەكسىز سۇنى چىقىرىۋېتىش، سۇغا ئەخلەت تۆكۈش قاتارلىقلارمۇ ئوخشاشلا سۇدا بۇلغىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.


سۇ — ئىنسان ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان ماددا، يەر شارىدا پايدىلانغىلى بولىدىغان تاتلىق سۇ مەنبەسى ناھايىتى چەكلىك. شۇڭا، سۇنى ئالاھىدە قەدىرلىشىمىز كېرەك. ئەگەر سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشكە ۋە سۇ بايلىقىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بەرمىسەك، سۇ بايلىقىنىڭ كەم بولۇشى كېلىپ چىقىدۇ. بىز ئادەتتە ئىچىدىغان، ئىشلىتىدىغان يەنە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان سۇ قاتارلىقلارمۇ ئىنتايىن جىددىي ھالەتتە بولۇپ قالىدۇ.

كىچىك دوست، سىز چوقۇم ئۆزىڭىزدىن، كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ سۇنى تېجەپ ئىشلىتىڭ. سۇغا قالايمىقان نەرسە تاشلىماڭ، سۇ بايلىقىنى بۇلغايدىغان ھەرقانداق ئىشنى توسۇڭ!


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تەنھا دەرەخ بوۋا





گۈزەللىككە پۈركەلگەن، ئاسماننى لەيلەپ ئۇچۇۋاتقان لەگلەكلەر قاپلىغان 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى.





تاغ باغرىدا يەككە - يېگانە تۇرغان دەرەخ بوۋا ئۆزىنى تۇتۇۋالا-
ماي دۇغلىشىپ كەتكەن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشكە باشلىدى.

بىر سوپىسوپىياڭ دەرەخ بوۋىنىڭ يەلكىسىگە قونۇۋېلىپ زىل ئا-
ۋازدا سورىدى:

— دەرەخ بوۋا، كۆڭلىڭىز نېمىشقا يېرىم بولۇۋاتىدۇ؟





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




دەرەخ بوۋا يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى ـ دە، ھەسرەت چەككەن ھالدا مۇنداق دېدى:

ــ ئىلگىرى بۇ يەرلەر ناھايىتى قويۇق ئورمانلىق ئىدى. دەرەخلەر بىلەن ئىنسانلار بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ خۇشال ـ خۇرام ياشايتتى.




ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com





كىشىلەر دەرەخ تىكەتتى، چوڭ بولۇپ يېتىلگەن دەرەخلەرنى كېسەتتى. كەسكەن دەرەخلەرنى زاۋۇتلارغا ئاپىرىپ تىلىپ، ئىش قوشۇپ بەزىلىرىنى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قىلاتتى، بەزىلىرىدىن ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك ئۆي جاھازلىرى ياسايتتى، يەنە بەزىلىرىدىن قەغەز چىقىراتتى...

ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەممىلا يېرىدە دەل - دەرەخ، ياغاچنى كۆرگىلى بولاتتى، بۇ بىزنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىمىز ئىدى.



www.uyghurkitap.com



دەرەخ بوۋا ئىپتىخارلىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇنىڭدىن باشقا دەل - دەرەخلەر «ئوكسىگېن ئىشلەپچىقىرىدىغان تەبىئىي زاۋۇت» بولۇپ ئىنسانلار ھەر سائەت، ھەرمىنۇتتا ئوكسىگېندىن نەپەس ئېلىپ، كاربون (Ⅳ) ئوكسىدنى چىقىرىدۇ، ياپيېشىل يوپۇرماقلار بولسا توختاۋسىز كاربون (Ⅳ) ئوكسىدنى سۈمۈرۈپ، ئوكسىگېننى چىقىرىدۇ. ئەزەلدىن تارتىپ دەل - دەرەخلەر بىلەن ئىنسانلار ھېچكىمدىن ئايرىلالمايدىغان ياخشى دوستلاردىن بولۇپ كەتكەن.









www.uyghurkitap.com

ــ كىچىك كۆچەتلەرنىڭ چوڭ دەرەخ بولۇشى ئۈچۈن ئون نەچچە يىل ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق ۋاقىت كېتىدۇ، ــ دەرەخ بوۋا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ ئەمما، دەل - دەرەخلەرنى قالايمىقان كېسىدىغان ھېلىقى كىشىلەر دەرەخ كېسىشنىلا بىلىدۇكى، دەرەخ تىكىشنى ئەسلا بىلمەيدۇ، يەنە بەزىلىرى كۆچەتلەرنىڭ ئايىنىپ چوڭ دەرەخ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرالماي كېسىۋېرىدۇ. قاراڭ ماۋۇ تاغقا، ھېچقانچە دەرەخ قالمىدى.




— ئەگەر دەرەخلەر داۋاملىق قالايمىقان كېسىلىۋەرسە قانداق بولۇپ كېتىدۇ، — سورىدى سوپىسوپىياڭ.

دەرەخ بوۋا بېشىنى چايقاپ قويدى ۋە:

— دەل - دەرەخ كەمچىل بولسا، تۇپراق سۇنى ساقلاپ قېلىشقا ئامالسىز قالىدۇ، دەل - دەرەخ بولمىسا، ئىنسانلار شاد - خۇرام ياشىيالمايدۇ، — دېدى.

سوپىسوپىياك دەرەخ بوۋىغا تەسەللى بېرىپ:

— بوۋا، بەك تىت - تىت بولماڭ، چوقۇم بىر ئامال تېپىلىپ قالىدۇ، — دېدى - دە، قاناتلىرىنى يېنىك قېقىپ ئۇچۇپ كەتتى.






سوپېسوپېياڭ دەرەخ بوۋىغا ھەمراھ بولۇش ئۇچۇن ئۇنىڭ شېخـ
غا ئۇۋا سېلىپ جايلىشىۋالدى، ۋېستېرىيە چاتقىلىنى دەرەخ بوۋىنىڭ
يېنىغا تىكىپ قويدى.





ئۇيغۇر كىتاب تورېكتىپى
www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن ئۆتمەي، تىينچاقمۇ دەرەخ بوۋىنىڭ كاۋىكىغا كۆچۈپ كې-
لىۋالدى. دەرەخ بوۋىنىڭ ئەتراپىدا بىردىنلا خۇشال كۈلكە سادالىرى
ياڭرىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



كۆنلەر بىرىنى بىرى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. سوپىسوپىياڭنىڭ بالىلىرى چوڭ بولدى، ۋىستېرىيە چاتقىلى توپ ـ توپ چىرايلىق گۈل ئاچتى. شۇنداقتىمۇ دەرەخ بوۋا بەزىدە تاپتاقىر بولۇپ قالغان تاغقا قاراپ يەنە ھەسرەت چېكەتتى. بىر توپ بالىلار تاغقا كېلىپ كۆچەت تىكىپ، سۇغىرىپ پەرۋىش قىلغان ئاشۇ كۈن كەلگەن چاغدىلا، دەرەخ بوۋىنىڭ چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلەندى.



سوپسوپياك بارا ـ بارا يوغىناۋاتقان كۆچەتلەرنى كۆرۈپ خۇشال بولغان هالدا دەرەخ بوۋىغا قاراپ:

ـــ دەرەخ بوۋا، قاراڭا، ئىنسانلار يەنىلا دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ياخشى دوستى ئىكەن! ـــ دېدى.

ـــ شۇنداق، شۇنداق ئىكەن، ـــ دېدى دەرەخ بوۋا تاتلىق كۈلۈپ.






www.uyghurkitap.com







# ئەتراپىمىزدا كۆكلۈمەيدانىنى كۆپەيتەيلى

## پائالىيەتنىڭ مەقسىتى ..................................

بالىلارغا مۇئەييەن مۇھىت ئاسراش بىلىملىرىنى ئىگىلىتىش، كۆكەرتىلگەن جايلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنىڭ زىيىنىنى بىلدۇرۇش، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس ھالدا ئورتاق بىللە تۇرۇش قانۇنىيىتىنى بىلدۇرۇش.

## پائالىيەت تەييارلىقى ..................................

گۈزەل ھەم چوڭ ئورمانلىقنىڭ رەسىمى، قالايمىقان كېسىلگەن دەل ـ دەرەخلەرنىڭ رەسىمى، كۆكەرتىلگەن جايلارنى بۇزۇۋېتىش كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ مىساللىرى





www.uyghurkitap.com






## پائالىيەت جەريانى ..............................................

1. ئاتا ـ ئانىلار باللىرى بىلەن بىرلىكتە دەل ـ دەرەخلەر- نىڭ ئىشلىتىلىدىغان ئورنىنى سۆزلەيدۇ.



2. گۈزەل ھەم چوڭ ئورمانلىقنىڭ رەسىمىنى كۆر- سىتىپ، ھېكايە سۆزلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، باللارغا ئورمانلىقنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.



3. قالايمىقان دەرەخ كېسىش كەلتۈرۈپ چى- قارغان ئېغىر ئاقىۋەتلەر رەسىمىنى كۆرسىتىپ باللارغا تەسىراتىنى سۆزلەتكۈزىدۇ.



4. تىلغا ئېلىنغان مىساللارغا بىرلەشتۈ- رۈپ كۆكەرتىلگەن جايلارغا بۇزغۇنچىلىق قى- لىشتىن كېلىپ چىققان ناچار ئاقىۋەتلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

5. باللارغا دەل ـ دەرەخلەرنى ئاڭلىق تۇردە ئاسراش، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، مۇھىتنى كۆكەرتىش پائالىيىتى- گە ئاكتىپ قاتنىشىش بىلدۇرۇلىدۇ.

## پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش ..............................................

باللار ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ ئىشلەشكە، ئەتراپىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى ئاسراشقا يېتەك- لىنىدۇ.

بىر قېتىم ئىشلىتىلىدىغان چوكا، قەغەزلەرنى ئىشلىتىشنى ئازايتىش ئارقىلىق، باللاردا مۇھىت ئاسراش ئېڭى يېتىلدۇرىلىدۇ.

## پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى ..............................................

پائالىيەت ئارقىلىق باللار دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئىنسانلارغا نىسبەتەن مۇھىم رولىنى بىلە- ۋالالايدۇ. باللاردا يېشىللىقنى سۆيۈش، يېشىللىقنى ئاسراش كۆزقارىشىنى تۇرغۇزغىلى بولىدۇ. باللارنى ئەتراپىدىكى مەھەللە ـ رايونلاردىكى باللار بىلەن بىرلىكتە گۈل ـ گىياھ، ئوت ـ چۆپ- لەرنى ئاسراش، بىرلىكتە كۆكۈلمەيدان مەھەللە بەرپا قىلىش، كۆكۈلمەيدان ئىچىدە يېڭىچە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

# دەل ـ دەرەخلەر ئىنسانلارغا قانداق پايدا يەتكۈزىدۇ؟

كىچىك دوست، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئىنسانلارغا قانداق پايدا يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

دەل ـ دەرەخلەر ئىنسانلارنىڭ ياخشى دوستى، ئالدى بىلەن، ئۇلار ئىنسانلارنى تۇرمۇش مەنبەسى ۋە قىممەت قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بىز ئىشلىتىۋاتقان ئۈستەل، ئورۇندۇق، كىتاب ئىشكابى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دەل ـ دەرەخنى ئەسلىي ماتېرىيال قىلىپ ياسىلىدۇ. دەل ـ دەرەخلەر يەنە بىزنى ئۆي ياساشقا كېرەكلىك ياغاچ ماتېرىياللىرى بىلەن، تۆمۈر يولدىكى رېلىسنىڭ ئاستىغا ياتقۇزۇلىدىغان ياغاچ قاتارلىقلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئىنسانلار ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا ئوكسىگېن بىلەن نەپەس ئېلىپ، كاربون (Ⅳ) ئوكسىدنى چىقىرىدۇ؛ دەرەخ يوپۇرماقلىرى بولسا توختاۋسىز كاربون (Ⅳ) ئوكسىدنى قوبۇل قىلىپ، ئوكسىگېننى چىقىرىدۇ ـ دە، ھاۋانى ساپلاشتۇرىدۇ.

دەل ـ دەرەخلەر ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھازىر، بەزىلەرنىڭ دەل ـ دەرەخلەرنى قالايمىقان كېسىشى تۈپەيلىدىن ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ. ئەگەر داۋاملىق مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، تۇپراقنىڭ قۇملىشىش دەرىجىسى ئېغىرلىشىدۇ. قۇملۇقنىڭ كۆلىمى كېڭىيىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئازىيىپ كېتىدۇ ـ دە، مۇھىتقا نىسبەتەن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئانىسىز قالغان زىبرا







ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

«ئانىلار بايرىمى» يېتىپ كەلدى. ياۋايى ھايۋانات باغچىسىغا
رەڭلىك پانۇسلار ئېسىلىپ كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشى باشلىناي دەپ
قالدى. قاراڭلار! ئانا ئېيىق بالىسىنى باغرىغا بېسىپ، كېنگۇرۇ بوۋۇد-
قىنى قويىنىغا سېلىپ خۇشال ـ خۇرام يېتىپ كەلدى.

ئانا توشقان بوجىنىنى يېتىلەپ، ئۆردەك ئانا بىر توپ بالىپانلىرىد-
نى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى. مايمۇنچاق ئانىسىنىڭ مۈرىسىگە مىنىۋاپتۇ.
تاشپاقىنىڭ دۈمبىسىگە بولسا بالىسى چىقىۋاپتۇ.

بارلىق ئانىلار باللىرىنى چۆرىسىگە يىغىپ دارچىن تەملىك پېچىنە - پىرەنىكلەرنى يەپ، مېۋە شەربەتلىرىنى ئىچىپ، تاغدىن - باغدىن پاراڭ سېلىشىپ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئولتۇرۇشتى. تو- ساتتىن، ئانچە يىراق ئەمەس يەردىن بىرسىنىڭ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ۋىيەي، كىم يىغلاۋاتقاندۇ؟ — مايمۇنچاق بىلەن ئېيىقچاق يو- گۇرگىنىچە ئىزدەپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يېقىن بېرىپ قارىسا، ئەسلىدە زېبرا (تاغىل ئات) بالىسى ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

— زېبراچاق، نېمىشقا يىغلايسىز؟ — دەپ سورىدى ئېيىقچاق ھەيران بولۇپ.

— ئانام ئېھتىياتسىزلىقتىن سولياۋ (يالتىراق) خالتا يەپ سالپتىكەن. گېلىغا تۇرۇپ قېلىپ نەپەس ئالالماي ئۆلۈپ كەتتى، مەن ئانىسىز قالدىم، — دېدى زېبراچاق ھەسرەت چېكىپ، شۇنداق دەپ بولۇپلا ھۆر - ھۆر يىغلاپ كەتتى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېنگۇرۇ ئانا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، زېبراچاقنىڭ قولىدىن تارتىپ: — يۈر، كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئولتۇر، — دېدى ۋە ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىكى ياشلارنى ئاۋايلاپ سۈرتتى. ھەممەيلەننىڭ چىرايىدىن ئەنسىزچىلىك ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى.



تاشپاقا ئانا غەزىپىنى باسالماي:

— ھازىرقى ئەخلەتلەرنىڭ ئىچىدە ناھايىتى نۇرغۇنى سولياۋدىن ياسالغان نەرسىلەر ئىكەن، ئۆتكەندە مەن سولياۋ خالتىنىڭ ئىچىگە سولىنىپ قالغان يوغان بىر دېڭىز تاشپاقىسىنى كۆرۈپ قالدىم. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ ئۆلەي دەپ قالغاندا مەن كېلىپ قاپتىمەن، دەرھال ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدىم، — دېدى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— كىشىلەردىن ئاڭلىشىمچە، سولياۋدىن ياسالغان نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ تەبىئەتتە سۇ ياكى باشقا نەرسىلەرگە ئۆزگىرىشى ناھايىتى تەس ئىكەن. بەزىلىرى ھەتتا بىرنەچچە يۈز يىلغىچىمۇ شۇ پېتى تۇرىدىكەن. بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق - ھە! يەنە تېخى بەزىلىرى زەھەرلىك بولۇپ، تۇپراقنى، دەريا ۋە دېڭىز - ئوكيانلاردىكى سۇلارنى داۋاملىق بۇلغايدىكەن... — دېدى ئانا ئېيىق ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— ۋاي ئاللا، نېمانچە ۋەھىمىلىك - ھە! — ھەممەيلەن تەڭلا ۋارقىرىشىپ كەتتى.





www.uyghurkitap.com



ئانا مايمۇن بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئەندىشە ئىچىدە:

— تېلېۋىزوردىن كۆرۈشىمچە دۇنيا مىقياسىدا تۇمەنلىگەن دېڭىز قۇشلىرىنىڭ گېلىغا سولياۋ ئەخلەتلەر تۇرۇپ قاپتۇ، بەزىلىرىنىڭ پۇتلىرى ۋە قاناتلىرىغا يۆگىشىپ ئۇچالماي قاپتۇ. يەنە تۇمەنلىگەن تىيۇلىن (دېڭىز يىلپىزى)، مورژ (دېڭىز ئارسلانى) ۋە بەزى قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان هايۋانلارمۇ سولياۋ ئەخلەتلەرنى يەپ قويغاچقا جېنىدىن جۇدا بوپتۇ، — دېدى.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ــ بەزى ئادەملەر بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى! ــ دېدى ئانا توشقان مۇشتۇمىنى تۈگۈپ غەزەپ بىلەن، ــ ئۇلار ئۆزىگە قولايلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ سولياۋ ئەخلەتلەرنى قالايمىقان تاشلاۋېرىدۇ، بىزگە قانچىلىك خېيىم - خەتەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقى بىلەن قىلچە كارى بولمايدۇ. ھالبۇكى، سولياۋ ئەخلەتلەر ئىنسانلارنىڭ نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ ئەمەسمۇ!





ــ شۇ ئەمەسمۇ، ــ قاناتلىرىنى قېقىپ گەپ باشلىدى ئانا ئۆردەك، ــ ئىنسانلار بۇ سولياۋ ئەخلەتلەر ئېلىپ كېلىدىغان خېيىم ـ خەتەرنى «ئاق بۇلغىنىش» دەپ ئاتايدۇ. هازىر بۇ خىل بۇلغىنىشنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە ئويلىشىۋاتىدۇ! شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ بىز ھەرگىز بىخۇتلۇق قىلمايلى، ئۆزىمىزنى قوغداش ئېـ. ڭىمىز بولسۇن.

ھەممەيلەن باش لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاشتى.




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بارلىق ئانىلار زېبراچاقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى
بەردى. زېبراچاق كۆزلىرىگە مىننەتدارلىق يېشى ئالغان هالدا كۆڭلى
ئىللىقلىققا تولدى.

— سۆيۈملۈكۈم، كۆڭلۈڭنى هەرگىز يېرىم قىلما، بىز هەممىمىز
يېنىڭدا تۇرۇپ ساڭا غەمخورلۇق قىلىمىز، — دېدى ئانا ئېيىق زېبرا-
چاقنىڭ بېشىنى سىلاپ.


www.uyghurkitap.com





# مۇھىت ئاسراش خالتىسى ياساش


## پائالىيەتنىڭ مەقسىتى ..............................................


سولياۋدىن ياسالغان بۇيۇملارنى ئىشلىتىش گەرچە قولايلىق بولسىمۇ، لېكىن ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن خالىغان يەرگە قالايمىقان تاشلانسا تۇرمۇشىمىزدا ئېغىر خەتەرلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

پائالىيەت ئارقىلىق، دادا، ئانا ۋە بالا ئۇچەيلەننىڭ بىرلىكتە بىر مۇھىت ئاسراش خالتىسى ياساش جەريانىدا بالىلارنىڭ مۇھىت ئاسراش ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

## پائالىيەت تەييارلىقى ..............................................

شىلىم، قايچا، رەڭلىك قەلەم، كېرەكسىز قەغەز (كونا گېزىت، كونا كالېندار بولسىمۇ بولىدۇ)





ئۇيغۇر كىتاب تورى

## پائالىيەت جەريانى




1. كىرەكسىز قەغەز ئۈستىگە مۆھەت ئاسراش خالتىسىنىڭ شەكلى سىزىۋېلىنىدۇ.



2. قايچا بىلەن قىيىۋېلىنىدۇ.



3. شىلىم بىلەن قىرلىرى يەملىنىدۇ.



4. مۆھەت ئاسراش خالتىسىغا تۇتقۇچ (ساپ) بېكىتىلىدۇ.



5. ئۈستىگە ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان رەسىملەر سىزىلىدۇ.

## پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش

بالىلارنى مۆھەت ئاسراش خالتىسى ئىشلىتىشكە، نەرسىلەرنى شۇنىڭ ئىچىگە سېلىشقا يېتەكلەش ئارقىلىق، ئۇلاردا تەدرىجي هالدا مۆھەت ئاسراش ئېڭى يېتىلدۈرۈلىدۇ.

## پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى

بۇ پائالىيەت ئارقىلىق بالىلارغا سولياۋدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملارنىڭ نېمە ئۈچۈن «ئاق بۇلغىنىش» پەيدا قىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلىدۇ. مۆھەت ئاسراش خالتىسىنى ئىشلىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، بالىلاردا كىچىكىدىن باشلاپلا مۆھەت ئاسراش ئېڭى يېتىلدۈرۈلىدۇ.




## «ئاق بۇلغىنىش» دېگەن نېمە؟

كىچىك دوست، نېمىنىڭ «ئاق بۇلغىنىش» ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ كىشىلەر كېرەكسىز سولياۋ خالتا، سولياۋ ياپقۇچ قاتارلىق سولياۋدىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ مۇھىتنى بۇلغاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ «ئاق بۇلغىنىش» دەپ ئاتايدۇ.

كىشىلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ بولۇپلا قالايمىقان تاشلىۋېتىلىدىغان بۇ بۇيۇملارنىڭ مۇھىتنى بۇلغىشىنى تۈگىتىش يۈزىسىدىن بىر تەرەپ قىلىنىشى خېلى تەسكە چۈشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، بىزگە ئەڭ تونۇش بولغان سولياۋ خالتا مانا شۇ سولياۋ بۇيۇملارنىڭ بىرى. تۇرمۇشىمىزدا سولياۋ خالتىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئەڭ كۆپ بولۇپ، قالايمىقان تاشلانسا ئىنتايىن زور مۇھىت مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئېلىمىزدە ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان سولياۋ بۇيۇملارنىڭ تەبىئىي مۇھىتنى بۇلغىشىنى تۈگىتىش ئۈچۈن كەم دېگەندە 200 يىل ۋاقىت كېتىدۇ. بۇنداق كېرەكسىز سولياۋ بۇيۇملار تۇپراققا ئارىلىشىپ كەتسە، زىرائەتلەرنىڭ تۇپراقتىن ئوزۇقلۇق ۋە سۇنى سۈمۈرۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ ــ دە، زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلىنى ئازايتىۋېتىدۇ. ئەگەر ھايۋانلار يەپ قالسا ئۇلاردا ھەزىم قىلىش كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. سۆزلەپ ئۆتكەن ھېكايىمىزدىكى زېبراچاقنىڭ ئانىسى سولياۋ خالتىنى ئېھتىياتسىزلىقتىن يەپ قويۇپ ئۆلۈپ قالغان. ناۋادا، كېرەكسىز سولياۋ بۇيۇملارنى كۆيدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغاندا، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان زىيانلىق گاز ئاتموسفېرا مۇھىتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغايدۇ.

كىچىك دوست، ئاددەتتە سولياۋ بۇيۇملارنى ئاز ئىشلىتىڭ، ئىشلەتكەندىمۇ تەبىئىي مۇھىتتا زېيىنىنى تۈگەنلەتكىلى بولىدىغانلىرىنى ئىشلىتىڭ. ئىشلىتىپ بولغانلىرىڭىزنى خالىغان يەرگە قالايمىقان تاشلىماڭ. ئاق بۇلغىنىشنى ئازايتىشنى ئۆزىڭىزدىن باشلاڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار:

بۇ قىزىقارلىق مەسىلىلەرنى ئوقۇپ قانداق تەسىراتلارنى ئالدىڭلار!

قېنى يېزىپ بېقىڭلار!





www.uyghurkitap.com



图书在版编目(CIP)数据

《红蜻蜓》儿童童话绘本系列. 小鸟的午睡：维吾尔文 / 沙达提·依明编译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2013.4
ISBN 978-7-5469-3921-6

Ⅰ. ①红… Ⅱ. ①沙… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－中国－当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 077168 号

选题策划：于文胜
责任编辑：木拉提·阿里木
马木提·司马义
责任校对：米日班·努尔艾合买提
美术编辑：阿扎提·巴拉提
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　《红蜻蜓》儿童童话绘本系列——小鸟的午睡（维吾尔文）
译　　者　沙达提·依明
出　　版　新疆美术摄影出版社
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号
邮　　编　830026
发　　行　新疆新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　　版　乌鲁木齐标杆集印务有限公司
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/16
印　　张　8
版　　次　2014 年 10 月第 1 版
印　　次　2014 年 10 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-3921-6
定　　价　29.80 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）